روزىمەمەت باقى:

# ۋەتەن ئۈچۈن كۆپ نېفىت ئالىمەن، ياخشى نېفىت ئالىمەن

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ

«بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا تەبرىكلەش پائالىيىتىنى نەق مەيداندا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، مەن ھەم تەسىرلەندىم، ھەم ئىپتىخارلاندىم. مەن چوقۇم دۆلەتنىڭ سانائەت ئىشچىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ۋەتىنىمىز نېفىت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشىمەن!» 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، روزىمەمەت باقى خىزمەت ئورنىغا بالدۇرلا كەلدى. ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قىزىل ئىش كىيىمىنى كىيىپ، بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىپ، پۈتۈن ئەينەككە قارىدى. بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىدىكى تۇنجى قەدەم، نېفىت ئېلىش بەنىنىڭ بەنجاڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ ئۇچىسىدىكى بۇ ئىش كىيىمگە يۈز كېلەلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

روزىمەمەت شىنجاڭ نېفىتلىكى ئېغىر ماي ئېچىش شىركىتى نېفىت ئېلىش 5 ـ رايونى نېفىت ئېلىش 6 ـ بەنىنىڭ بەنجاڭى، شۇنداقلا چەت يىراق يېزىدىن كەلگەن يىگىت. ئاددىي ئىش ئورنىدا، ئۇ بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قەدەممۇقەدەم جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ماھارەت مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندى ھەم جۇڭگو نېفىت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈلگىگە ئايلاندى.

### ■ تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىش

1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، 15 ياشلىق روزىمەمەت خوتەن ناھىيەسىدىن قاراماي تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ نېفىتلىكى ئېغىر ماي ئېچىش شىركىتىگە كېلىپ، نېفىت ئېلىش ئىشچىسى بولدى. خىزمەتكە قاتناشقان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىلمەسلىك ئۇنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى.

«مەن كىچىكىمدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ بولغان، ئىدارىگە ئەمدىلا كەلگەندە، باشقا كىشىلەر پۇتۇڭخۇادا سۆزلىشىدىكەن، ماڭا ھەتتا ئەڭ ئاساسىي پىكىر ئالماشتۇرۇشمۇ مەسىلە بولۇپ قالغانىدى» دېدى روزىمەمەت ئەسلەپ. شۇنىڭدىن كېيىن، روزىمەمەت بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندى، «شىنخۇا لۇغىتى»نى ئۇ قايتا ـ قايتا ۋاراقلىدى. ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن، ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇ دۆلەت ئورتاق تىلى 8 ـ دەرىجىلىك گۇۋاھنامىسىنى ئالدى.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، روزىمەمەت تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، قەدەممۇقەدەم شاگىرتتىن ياش ماھارەت مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندى، يەنە زور بىر تۈركۈم ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈردى، ئىلگىرى ـ كېيىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

### ■ قائىدە ـ كەسىپ ئۆگىنىپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش

2005 ـ يىلى، روزىمەمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولدى، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇ كۆڭلىدە: «مەن جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، ياردەمگە ئېھتىياجلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىشىم كېرەك» دېگەن ئىرادىگە كەلدى.

2006 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، روزىمەمەت قۇرغان يۇلغۇن نېفىت تورى رەسمىي ئېچىلدى. تور بېكىتىدە نېفىت تېخنىكىسى، كەسپىي تېخنىكا، كەسپىي يۇمشاق دېتالى، دائىم قوللىنىلىدىغان يۇمشاق دېتال، مۇزىكا مەركىزى قاتارلىق سەھىپىلەر بار بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نېفىت ئوغۇل ـ قىزلىرىنى نەپكە ئېرىشتۈردى.

نۆۋەتتە، يۇلغۇن نېفىت تورىغا 4000 پارچىدىن ئارتۇق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي ماقالىسى، 200 پارچىدىن ئارتۇق كەسپىي تەربىيەلەش ۋە باھالاش ماتېرىيالى، 300 پارچىدىن ئارتۇق نەتىجە ھەم تېخنىكا يىغىلاش توغرىسىدىكى ماقالە، نېفىت ئىلمىگە ئائىت 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتالغۇنىڭ ئىزاھاتى كىرگۈزۈلدى؛ تور بېكىتنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو نېفىت شىركىتىنىڭ ھەرقايسى نېفىتلىكلىرىدىكى تېخنىكلىرى، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، تور بېكىتىدە رويخەتكە ئالدۇرغان ئابونىچى 13 مىڭدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، روزىمەمەت يەنە پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۈندىدار سۇپىسى قۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى يەتكۈزدى، نۆۋەتتە جەمئىي 55 قارار ئۇچۇر چىقاردى، 310 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشى، تېخنىكا ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، روزىمەمەت 500 مىڭ خەتتىن كۆپرەك «ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نېفىت ئېلىش ئەمەلىي مەشغۇلاتى پىنيىن دەرسلىكى» قاتارلىقلارنى تۈزدى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى بۇلارنى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەشتە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قىلدى. ئۇ يەنە كۇرس ئېچىپ 200دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنى تەربىيەلىدى، 100دىن ئارتۇق دەسلەپكى دەرىجىلىك ئىشچىنىڭ باھالاشتىن ئۇتۇقلۇق ئۆتۈپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچىلىققا ئۆرلىشىگە، 50 نەچچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلىققا ئۆرلىشىگە ياردەم بەردى. ئۇ يېتەكلىگەن شاگىرتلار ئىچىدە، نېفىتلىك شىركىتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەردىن ئىككىسى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن تۆتى، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن توققۇزى بار.

### ■ يۇلغۇندەك ئۈزۈشۈپ ئۆسۈپ يېتىلىش

«بىر نېفىت ئىشچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پىشقەدەم بىر ئەۋلاد نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى تېخنىكىنى كۆپرەك ئۆگىنىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپ نېفىت ئالىمەن، ياخشى نېفىت ئالىمەن» دېدى روزىمەمەت.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، روزىمەمەت «جۇڭگو ئارزۇسى، نېفىت ئارزۇسى، مېنىڭ ئارزۇيۇم»نى باش تېما قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن جۇڭگو نېفىتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرىدا، قارامايدىكى ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا خالىس لېكسىيە سۆزلىدى، جەمئىي 280 مەيدان قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى، ئاڭلىغانلار 24 مىڭ 560 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

روزىمەمەت تۇرۇشلۇق نېفىت ئېلىش 6 ـ بەنىنىڭ تېمىدا بىر قۇر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان چوڭ خەت يېزىلغان: يۇلغۇندەك ئۈزۈشۈپ ئۆسۈپ يېتىلىمىز. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئېرىشكىنى كۆپ بولسا تېخىمۇ كۆپ بەدەل تۆلىشى كېرەك، مەن ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە تارقىتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يۇلغۇندەك ئۈزۈشۈپ ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن.» ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە، بەن ـ گۇرۇپپا ئىلگىرى ـ كېيىن مەملىكەت بويىچە كارخانا بەن ـ گۇرۇپپىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئون مۇنەۋۋەر ئورۇن، جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى تۆمۈر ئادەم ئاۋانگارتى قاتارلىق 11 تۈرلۈك شەرەپكە ئېرىشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبارسىز قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى

**گېزىتىمىز خەۋىرى** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، تەبىئىي بايلىق نازارىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى، مالىيە نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى، خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىللە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبارسىز قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە:

1. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساغلاملىق بۇيۇملىرى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرى تۈزلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»گە كاپالەتلىك قىلىندى. كۆكتات، قۇش ـ تۇخۇم، گۆش يېمەكلىكلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى ۋە دېھقانچىلىق دورىسى، مال دوختۇرلۇق دورىلىرىغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغان تەركىبلەرنى قوشۇش مەسىلىسىنى تۈزەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت سۇبيېكتى 10 مىڭ 112 ئورۇن قېتىم تەكشۈرۈلدى، 678 ئورۇن تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى، كىنىشكىسى يوق كارخانىدىن بىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئالتە كارخانىنىڭ كىنىشكىسى بىكار قىلىندى، قالايمىقان مال سويۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا دورا قالدۇقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش قاتارلىق 169 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنى ساختا تەشۋىق قىلىش ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ سېتىشنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، 76 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 35ى تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى؛ مەكتەپ ئەتراپىدا يېمەكلىك بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تازىلاپ رەتلەش يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش سۇبيېكتى 53 مىڭ 300 ئورۇن قېتىم، تىجارەت سۇبيېكتى 47 مىڭ ئورۇن قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، 7439 ئورۇن تۈزىتىش، قېلىپلاشتۇرۇشقا بۇيرۇلدى، 581 ئورۇن تازىلاپ رەتلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، «ئۈچ يوق يېمەكلىك» قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەردىن 394ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، چېتىشلىق سومما 1 مىليون 705 مىڭ 500 يۈەن بولدى؛ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، يېمەكلىك جىنايىتى دېلوسىدىن 65ى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىندى، «قارا زاۋۇت»، «قارا دۇكان»، «قارا ئۇۋا»دىن 12سى بىتچىت قىلىندى، يېمەكلىك جىنايىتى شايكىسىدىن تۆتى يوقىتىلىپ، 98 جىنايەت گۇماندارى قولغا چۈشۈرۈلدى، چېتىشلىق دېلو قىممىتى 14 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولدى.

2. ئامما ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ئېكولوگىيە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ۋە مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىلىرى تۈزىتىلىپ، «كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراق»نى قوغداش جېڭى قەتئىي ياخشى قىلىندى. مۇھىت مەمۇرىي جازا دېلوسىدىن 1208ى بېجىرىلىپ، مۇھىت جىنايىتى (ئورمان ۋە ئوتلاق بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش تۈرىدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دېلوسىدىن 247سى رازۋېدكا قىلىپ بېجىرىلىپ، 106 جىنايەت گۇماندارى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 151 ئادەمگە مەمۇرىي جازا بېرىلىپ، بىر تۈركۈم ئەخلەت، غەيرىي پۇراق، شاۋقۇن ـ سۈرەن، چاڭ ـ توزان ھەمدە سۇ قارا، سېسىق بولۇش، يۈندىنى بىۋاسىتە چىقىرىۋېتىش، ئورمان، ئوتلاقنى ۋەيران قىلىش قاتارلىق ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېكولوگىيە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش مەسىلىلىرى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى؛ دەريا ـ كۆللەرنى قالايمىقان ئىگىلەش، قالايمىقان قېزىش، قالايمىقان دۆۋىلەش، قالايمىقان قۇرۇش قاتارلىق «تۆت قالايمىقان» مەسىلىسىدىن 1272سى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، 1268ى تۈزىتىلدى، ئۆچۈرۈلدى، دەريا ـ كۆللەرنى ئىگىلىۋېلىش، كەلكۈننى ئاققۇزۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش، دەريا ھالىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت جەھەتتىكى بىر تۈركۈم «كونا، چوڭ، قىيىن» مەسىلىلەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

3. يېزا ئاممىۋى ئۆل ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىش، ئاسراش كۈچەيتىلىپ، كەڭ بەلباغلىق تور، يېزا ـ كەنت يولى قاتارلىقلاردىكى كۈندىلىك ئاسراشتا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىندى. 1016 يېزا ـ كەنتنىڭ 4G ئاساسىي پونكىت ئورۇنلاشتۇرما قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى تاماملاندى، 76 مەمۇرىي كەنت 4G تور بىلەن قاپلانماسلىق مەسىلىسى ھەل قىلىندى، زىيانغا ئۇچرىغان جەمئىي 329 ئاساسىي پونكىت، 32 كىلومېتىر ئوپتىكىلىق كابېل ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ يولى قاتتىقلاشتۇرۇلمىغان 76 كەنتنىڭ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، يېزىلاردىكى 2797.98 كىلومېتىر «يېرىم ـ يارتا» يول قاتتىقلاشتۇرۇلۇپ، «باش ئاغرىتىدىغان يول» «رىشتە باغلاش يولى»غا ئايلاندۇرۇلۇپ، دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىنىڭ يول يۈرۈشى قولايسىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

4. ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش مالىيە ياردەم تولۇقلىما مەبلىغى «ھەممىباب كارتا»سى بويىچە مەخسۇس تازىلاش ـ رەتلەش، تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش مالىيە ياردەم تولۇقلىما مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 28 تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش مالىيە ياردەم تولۇقلىمىسى تۈرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، «يېزىلار كەنتنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، كەنتلەر ئائىلىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ئائىلىلەر ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ئادەملەر تۈرنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق» پرىنسىپى بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاش، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە دەللىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 10 مىڭ 277 كەنت، مەھەللە، 2 مىليون 299 مىڭ 700 ئائىلە، 5 مىليون 59 مىڭ 400 ئاما بەھرىمەن بولىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسى تۈرى، مەبلىغنى تارقىتىشنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى سىستېمىلىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش تاماملىنىپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش مالىيە ياردەم تولۇقلىما مەبلىغىدىن 87 مىليون 121 مىڭ 900 يۈەن ۋاقتىدا تارقىتىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

5. دىققەت كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مۇلازىمىتىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بېجىرىش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، ئاما قايتا ـ قايتا قاتراش، كىنىشكا بېجىرىش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مەركەزلىك تۈزىتىلدى. كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مۇلازىمەت كۆزنىكىدىن 48ى يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش كەسپىنى بېجىرىش ۋاقتى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 686 مۇلازىمەت كۆزنىكىدە ئادەتتىكى تىزىملاش، رەنگە قويۇپ تىزىملاش ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئون خىزمەت كۈنى، بەش خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش بىر تۇتاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ توردا بېجىرىش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، 44 ناھىيە، شەھەردە كۆچمەس مۈلۈكنى رەنگە قويۇپ تىزىملاشنى توردا بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سەككىز ناھىيە، شەھەردە «ئالاقە تورى + كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش» پۈتۈن جەريانلىق مەشغۇلاتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ تارقاق تىزىملاشتىكى تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىنىپ ـ رەتلىنىپ ھەل قىلىندى، 91 مەھەللىدىكى 11 مىڭ 79 ئائىلىنىڭ كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسىنى بېجىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى پەسەيتىلدى.

6. ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ماھارەت تەربىيەسى چۆرىدەلىپ، تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك، تەربىيەلەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولماسلىق، ھەتتا تەربىيەلەش ياردەم پۇل مەبلىغىنى يالغان مەلۇم قىلىپ، ئالداپ ئېلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق تۈزىتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 680 پۇقراۋى تەربىيەلەش ئاپپاراتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، سالاھىيىتى ئۆلچەمگە يەتكەن 478 ئورۇن بېكىتىلدى، 122 ئورۇن قانۇن بويىچە بىكار قىلىندى؛ 2017 ـ يىلدىن بۇيانقى تەربىيەلەش كۇرسىدىن 25 مىڭ 405ى نازارەت قىلىندى، تەكشۈرۈلدى، يالغان مەلۇم قىلىپ، كۆز بوياپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن بەھرىمەن بولغان 2842 كىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، چېتىشلىق سومما 3 مىليون 827 مىڭ يۈەن بولدى، مەخسۇس تۈزەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ماھارەت تەربىيەسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قېلىپلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەخسۇس تۈزەش ھەرقايسى مەسئۇل تارماقلىرى، ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسىلىنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر تۇتۇشقا، ئەمەلىي ئىشلەشكە تۈرتكە بولۇپ، تۈزەش، تۈزىتىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق بويىچە ئورتاق پايدا ئېلىش نىشان ۋە يۆنىلىشكە قاراپ قەدەم ئېلىشقا ئورتاق يېتەكلىگەنىدۇق. ھازىر جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك تىرەك شەكىللەندۈرگەنلىكى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداشتا مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسى ئۆز دۆلىتىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان. ئىككى تەرەپ يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللىرىنىڭ تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سۆزلىشىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

گىرىزلوۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى، شى جىنپىڭنىڭ بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ مىسلىسىز يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقىنى، خەلقئارا ھەم رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ماسلىشىپ، تىرىشىپ، ياخشى نەتىجە ـ ئۈنۈمنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈردى. بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رۇسىيە ـ جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەنبېي جىنسەن تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياپونىيە ـ جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئادەمىيەت ئالاقىسى كېڭىشىش مېخانىزمى مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن دابەندە ئۇچرىشىشتا ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇش، مەقسەت كەڭ ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستانە ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. مېخانىزمنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ يېڭى دەۋرگە ماس كېلىدىغان ياپونىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشتىكى ئەل رايى ئاساسىنى پۇختىلاپ، ياپونىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

2019 ـ يىللىق شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى

## ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 2019 ـ يىللىق شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئاساسىي لىنىيە، ئەلا سۈپەتلىك ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى يادرو قىلىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مۇھىم ئورنىنى تولۇق تونۇش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)